# كتاب

# اللغة العربية

## ئەرەب تىلى دەرسلىكى

## 阿拉伯语课本

### بىرىنچى قىسىم

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ سىرتقى مەكتىۋى
喀什地区职工业余学校·
1980

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆز بېشى

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" ئىلىم- پەنگە يۈرۈش قىلىش ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پائال قوللىشى بىلەن قولىڭىزدىكى بۇ «ئەرەپ تىلى دەرسلىكى»نى تۈزەپ چىقتۇق. تىل ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى ۋە ئىلىم- پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ئەدىپلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى دەۋرى شارائىتى بويىچە ئەرەپ تىلىدا يازغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەرەپ تىلىنى بىلىدىغان زىيالىيلىرىمىز كۈن ساناپ كېمىيىپ كەتمەكتە. ھەتتا قەدىمى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغانلارمۇ ئاز قالماقتا. تىلىمىزنى، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى، تارىخىمىزنى تەتقىق قىلماقچى بولساق يەنىلا ئەرەپ تىلىنى بىلمەسلىك قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلمەكتىمىز. شۇڭلاشقا، تىلىمىزنى، ئەدەبىي مىرا-

لىرىمىزنى، تارىخىمىزنى تەتقىق قى-
لىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىلىم ئەھلى – زىيالىيلىرىمىز
نىڭ ئېھتىياجىنى كوزدە تۇتۇپ ئازراق پايدىسى بولار
دىگەن مەقسەتتە بۇ ئىشقا كىرىشتۇق. بۇ كىتاپنى قەش-
قەر سىفەن شۆبىيۇەن ئوقۇتقۇچىسى يولداش ئابدۇللا
لۇتپۇللا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ
تۈزۈپ چىقتى.
مۇناسىۋەتلىك يولداشلارمۇ قىممەتلىك پىكىر-
تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇ يولداشلارغا سەمىمى رەھمەت
ئېيتىمىز. لېكىن، تۈنجى ئىش بولغانلىقى، سەۋىيمىز-
نىڭ تۆۋەن، ۋاقتىمىزنىڭ قىس، پايدىلىنىدىغان ما-
تىرىياللارنىڭ تولىمۇ كەم بولۇشى تۇپەيلىدىن كەمچى-
لىك - خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقى تەبىئى. كې-
يىنكى نەشىردە تېخىمۇ مۇكەممەلرەك بولۇشى ئۈچۈن
كىتاپخانلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەنقىدى تەكلىپلەر بې-
رىشىنى ئۈمۈتىمىز.
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش-
تىن سىرتقى مەكتىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

# اَلدَّرْسُ الْأَوَّلُ 1-دەرس

## اَلْحُرُوفُ الْهِجَائِيَّةُ ئېلىپبە

ا ب ت ث ج ح خ د ذ ر ز س ش ص ض

ط ظ ع غ ف ق ك ل م ن ه و ى

## ئېلىپبە جەدۋىلى

| ھەرپلەر | ئىسمى | ئوقۇلشى | تاۋۇشى |
|---|---|---|---|
| ا (ء) | الف | ئەلىف | A, Ə |
| ب | باءْ | بائ | B |
| ت | تاءْ | تائ | T |
| ث | ثاءْ | سِائ | Ĉ |
| ج | جيم | جنم | J |
| ح | حاءْ | ھِائ | Ḥ |
| خ | خاءْ | خوائ | H |
| د | دال | دەل | D |
| ذ | ذال | زِەل | Ż |
| ر | راءْ | روائ | R |
| ز | زاى | زەي | Z |
| س | سين | سن | Ṣ |
| ش | شين | شان | X |
| ص | صاد | سِواد | Ṣ |

| ھەرپلەر | ئىسمى | ئوقۇلشى | تاۋۇشى |
|---|---|---|---|
| ض | ضاد | دِواد | Ḍ |
| ط | طاءْ | تِوائ | Ṭ |
| ظ | ظاءْ | زِوائ | Z̈ |
| ع | عين | ئِەين | Ə̣ |
| غ | غين | غواين | Ƣ |
| ف | فاءْ | فائ | F |
| ق | قاف | قواف | Ķ |
| ك | كاف | كاف | K |
| ل | لام | لام | L |
| م | ميم | مىم | M |
| ن | نون | نۇن | N |
| ه | هاءْ | هائ | Ḩ |
| و | واو | ۋاۋ | W |
| ى | ياءْ | يائ | Y |

# كەسمە ھەرپلەر
# جەدۋىلى

| يالغۇز ھەرپ | باش ھەرپ | ئوتتۇرا ھەرپ | ئاياغ ھەرپ |
|---|---|---|---|
| أ | أ | ئـ ، ـئـ | ـا ء |
| ب | بـ | ـبـ | ـب |
| ت | تـ | ـتـ | ـت |
| ث | ثـ | ـثـ | ـث |
| ج | جـ | ـجـ ، ـجـ | ـج ، ج |
| ح | حـ | ـحـ ، ـحـ | ـح ، ح |
| خ | خـ | ـخـ ، ـخـ | ـخ ، خ |
| د | د | ـد | ـد |
| ذ | ذ | ـذ | ـذ |
| ر | ر | ـر | ـر |
| ز | ز | ـز | ـز |
| س | سـ | ـسـ | ـس |
| ش | شـ | ـشـ | ـش |
| ص | صـ | ـصـ | ـص |

| يالغۇز ھەرپ | باش ھەرپ | ئوتتۇرا ھەرپ | ئاياغ ھەرپ |
|---|---|---|---|
| ض | ضـ | ـضـ | ـض |
| ط | طـ | ـطـ | ـط |
| ظ | ظـ | ـظـ | ـظ |
| ع | عـ | ـعـ | ـع |
| غ | غـ | ـغـ | ـغ |
| ف | فـ | ـفـ | ـف |
| ق | قـ | ـقـ | ـق |
| ك | كـ | ـكـ | ـك |
| ل | لـ | ـلـ | ـل |
| م | مـ | ـمـ | ـم |
| ن | نـ | ـنـ | ـن |
| ھ | ھـ | ـھـ ، ـھـ | ە ـە |
| و | و | ـو | ـو |
| ى | يـ | ـيـ | ـى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# اَلدَّرسُ الثّانِي    2 - دەرس

## اَلْإِعْرابُ    تاۋۇش بەلگۈلىرى

ئەرەپ تىلىنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سۆز ئىبارىلەرنى توغرا ئوقۇشنى ئۆگىنىشى ئۈ- چۈن لازىم بولىدىغان 9 تاۋۇش بەلگىسى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـَ ، ـِ ، ـُ ، ـً ، ـٍ ، ـٌ ، ـْ ، ـّ ، ـٓ .

1) «ـَ» — زەبەر: زەبەر ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. زەبەر قويۇلغان ھەرپ- لەرنىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا «ئە ə» تاۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: اَ، بَ، جَ، دَ، هَ، وَ، زَ، كَ، لَ، مَ، نَ.

ئەمما خ، ر، ص، ض، ط، ظ، غ، ق دىن ئىبارەت 8 ھەرپكە زەبەر قويۇل- غاندا ئۇ ھەرپلەرنىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئو o» بىلەن «ئە ə» دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئوە oə» قوشما سوزۇق تا- ۋۇشى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: خَ hoə، رَ roə، صَ soə، ضَ ḑoə، طَ ţoə، ظَ ʒoə، غَ ƣoə، قَ ⱪoə.

خ، ر، ص، ض، ط، ظ، غ، ق دىن ئىبارەت 8 ھەرپنىڭ ئالدى-كەينىدە كەلگەن «و» ھەرپىگە زەبەر قويۇلسا «و» نىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا «ئە ə» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: وَخَزَ، وَرَدَ، وَصَى، وَصِيَ، وَضَعَ، وَطَرَ، وَظَفَ، وَغَلَ، وَقَعَ، وَقَفَ، خَوَفَ، رَوَى، صَوَّرَ، طَوَّرَ، غَوَّرَ.

يۇقارقىلاردىن باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالدىدىن كەلگەن «و» ھەرپىگە زەبەر قويۇلسا، ئەسلى تاۋۇشىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئو o» بىلەن «ئە ə» دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق

تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئوە oo» قوشما سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇ-
لىدۇ. مەسىلەن: وَجَدَ ، وَسِعَ ، وَلِيَ ، وَهَبَ ، وَكَلَ ، وَلَدَ، تَوَلِّيَ .

زەبەرلىك ئىككى «و» ھەرپى قاتار كەلسە، بىرىنچىسى «وَ woo» ئىككىنچىسى «وَ wa» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: وَوَجَدَ، وَوَعَدَ ، وَوَهَبَ .

2) «ـِـ» زىر: زىر ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ. زىر قويۇلغان ھەرپلەر-
نىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا «ئى i» تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: إِ ، بِ ،
جِ ، دِ ، هِ ، وِ ، زِ ، كِ ، لِ ، مِ ، نِ .

ئەمما ح ، ص ، ض ، ط ، ظ ، ع دىن ئىبارەت 6 ھەرپكە زىر قو-
يۇلغاندا، شۇ ھەرپلەرنىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئې e» بىلەن «ئى i»
دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئېي ei» قوشما
سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: حِ hei ، صِ sei ، ضِ
dei ، طِ tei ، ظِ zei ، عِ ei .

3) «ـُـ» پەش: پەش ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. پەش قويۇلغان ھەرپ-
لەرنىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا «ئۇ u» تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: أُ ، بُ ،
جُ ، دُ ، هُ ، وُ ، زُ ، كُ ، لُ ، مُ ، نُ .

ئەمما ح ، ص ، ض ، ط ، ظ ، ع دىن ئىبارەت 6 ھەرپكە پەش
قويۇلغاندا، شۇ ھەرپلەرنىڭ ئەسلى تاۋۇشىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئو o» بىلەن «ئۇ
u» دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئوۇ ou»
قوشما سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: حُ hou ، صُ sou ، ضُ —
dou ، طُ tou ، ظُ zou ، عُ ou

4) «ـْـ» - ساكىن: ساكىن ھەرىپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ساكىن قويۇلغان ھەرىپلەر ئالدىنقى ھەرىكە بىلەن قوشۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرىپىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يَفْعَلُ ، يَكْتُبُ ، يَقْرَأُ ، تَأْكُلُ، أَكَلْتُ ، أَكَلْتَ . أَكَلْتُمْ . أَكَلْتِ ، أَكَلْنَ ، يَأْكُلُ

ئەمما، ب ، ج ، د ، ط ، ق دىن ئىبارەت 5 ھەرىپ ساكىنلىك بولغاندا ئۇلار ئۈزۈك تاۋۇش ھالىتىدە ئوقۇلماستىن، بەلكى ئالدىدىكى ھەرىپ زەبەرلىك بولسا زەبەرگە مايىل، زىرلىك بولسا، زىرگە مايىل، پەشلىك بولسا، پەشكە مايىل يېرىم سوزۇق تاۋۇش ھالىتىدە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: أَبْ ، إِبْ ، أُبْ ، أَجْ ، إِجْ ، أُجْ ، آدْ ، إِدْ ، أُدْ ، يَبْلُغُ ، يُدْبِرُ ، أَطْعَمَ ، أَقْلَعَ ، أَجْمَعَ .

خ ، ر ، ص ، ض ، ط ، ظ ، غ ، ق دىن ئىبارەت 8 ھەرىپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن ساكىنلىك «أ» - ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئو o» بىلەن «ئا a» دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئوا oa» قوشما سوزۇق تاۋۇش ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: خَاْ hoa ، رَاْ zoa ، صَاْ soa ، ضَاْ doa ، طَاْ toa ، ظَاْ zoa ، غَاْ qoa ، قَاْ koa .

بۇنىڭدىن باشقا ھەرىپلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «أ» - «ئا a» غا مايىل «ئە ə» دەپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: بَاْ bə ، تَاْ tə ، كَاْ kə ، جَاْ jə ، نَاْ nə .

## تەمرين ـ كونۇكمە

توۋەندىكى ھەرپلەرنى زەبەر، زىر، پەش بىلەن ئوقۇپ مەشىق قىلىڭلار:

أَ إِ أُ (ءَ ءِ ءُ)، بَ بِ بُ،

تَ تِ تُ، ثَ ثِ ثُ، جَ جِ

جُ، حَ حِ حُ، خَ خِ خُ، دَ دِ

دُ، ذَ ذِ ذُ، رَ رِ رُ، زَ زِ

زُ، سَ سِ سُ، شَ شِ شُ، صَ

صِ صُ، ضَ ضِ ضُ، طَ طِ طُ،

ظَ ظِ ظُ، عَ عِ عُ، غَ غِ غُ، فَ

فِ فُ، قَ قِ قُ، كَ كِ كُ، لَ

لِ لُ، مَ مِ مُ، نَ نِ نُ، هَ

هِ هُ، وَ وِ وُ، يَ يِ يُ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# اَلدَّرْسُ الثَّالِثُ 3-دەرس

## اَلْإِعْرَابُ ئاۋۇش بەلگۈلىرى

5) قوش زەبەر (ـًـ)، 6) قوش زىر (ـٍـ)، 7) قوش پەش (ـٌـ) ئومۇملاشتۇرۇپ تەنۋىن (تنوين) دەپ ئاتىلىدۇ. تەنۋىن — زەبەر، زىر، پەشلىك ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئاۋۇشىغا «نْ» ئاۋۇشىنى قوشۇپ «ئەن، ىن، ئۇن» قىلىپ ئوقۇش دېمەكتۇر. قوش زەبەر، قوش زىر، قوش پەشنىڭ قوبۇلۇش قائىدىسى زەبەر، زىر، پەشنىڭ قوبۇلۇش قائىدىسىگە ئوخشاش. قوش زەبەر قوبۇل قىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئاخىرىغا «ا، ا» قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: مِدَادًا، مِدَادٍ، مِدَادٌ، أَبًا، أَبٍ، أَبٌ، بَيْتًا، بَيْتٍ، بَيْتٌ، أَثَاثًا، أَثَاثٍ، أَثَاثٌ، زَوْجًا، زَوْجٍ، زَوْجٌ، بَرْدًا، بَرْدٍ، بَرْدٌ.

«ت» نىڭ «ـة، ة» شەكىللىرى قوش زەبەرلىك كەلگەندە «ا، ا» قوشۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن: زَوْجَةً، طَالِبَةً، طَائِرَةً، فَائِدَةً.

تەنۋىن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپىگىلا قويۇلىدۇ.

## اَلتَّمْرِينُ — كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوش زەبەر، قوش زىر، قوش پەش بىلەن ئوقۇڭلار:

سَمَاءً، سَمَاءٍ، سَمَاءٌ، كِتَابًا، كِتَابٍ، كِتَابٌ، أُخْتًا، أُخْتٍ، أُخْتٌ، اِمْرَأَةً، اِمْرَأَةٍ، اِمْرَأَةٌ، ثَلَاثًا، ثَلَاثٍ، ثَلَاثٌ، سِرَاجًا، سِرَاجٍ، سِرَاجٌ، قَمْحًا، قَمْحٍ، قَمْحٌ، أَخًا، أَخٍ، أَخٌ، طَرْدًا، طَرْدٍ، طَرْدٌ، لَذِيذًا، لَذِيذٍ، لَذِيذٌ، دَارًا، دَارٍ، دَارٌ، أَرُزًّا، أَرُزٍّ، أَرُزٌّ، شَمْسًا، شَمْسٍ، شَمْسٌ،

قُماشًا، قُماشٍ، قُماشٌ، رَصاصًا، رَصاصٍ، رَصاصٌ، أَرْضًا، أَرْضٍ، أَرْضٌ،
مُرابِطًا، مُرابِطٍ، مُرابِطٌ، غَلِيظًا، غَلِيظٍ، غَلِيظٌ، بائِعًا، بائِعٍ، بائِعٌ،
دِماغًا، دِماغٍ، دِماغٌ، اَلْفًا، اَلْفٍ، اَلْفٌ، بَرْقًا، بَرْقٍ، بَرْقٌ، مالِكًا،
مالِكٍ، مالِكٌ، عامِلًا، عامِلٍ، عامِلٌ، عالِمًا، عالِمٍ، عالِمٌ، مَيْدانًا،
مَيْدانٍ، مَيْدانٌ، مِياهًا، مِياهٍ، مِياهٌ، جَرْيًا، جَرْيٍ، جَرْيٌ.

# اَلدَّرْسُ الرَّابِعُ  4-دەرس

## اَلْإِعْرابُ  ئاۋۇش بەلگۈلىرى

8) «ـّـ» تەشدىد: تەشدىد — ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. تەشدىد قويۇلغان ھەرپلەر ئىككى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: أَحَبَّ (ئەھەببە) وَدَّ (ۋەددە)، سُبُّورَةٌ (سۇببۇرەتۇن)، دُكَّانٌ (دۇككانۇن) مَحَلٌّ (مەھەللۇن)، مَجَلَّةٌ (مەجەللەتۇن)، جَيِّبٌ (جەييىبۇن)

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ساكىنلىك نۇن (نْ) ھەرپى ياكى تەنۋىندىن ھاسىل بولغان ساكىنلىك نۇن تاۋۇشى ئۆز تاۋۇشىنى يوقىتىپ كېيىنكى سۆزنىڭ باش ھەرپىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، كېيىنكى سۆزنىڭ باش ھەرپى ئىككى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: مَنْ يَكْتُبُ نى مَـيَّكْتُبُ، مَنْ وَرَاءَكَ نى مَـوَّرَاءَكَ، عِيشَةٌ رَاغِدَةٌ نى عِيشَةٌ رَّاغِدَةٌ، حُجْرَةٌ وَاسِعَةٌ نى حُجْرَةٌ وَّاسِعَةٌ دەپ ئوقۇلىدۇ.

ساكىنلىك نۇن ۋە تەنۋىن «ب» نىڭ ئالدىدا كەلسە ساكىنلىك «مْ» غا، «ر» نىڭ ئالدىدا كەلسە ساكىنلىك «رْ» گە، «ق» ۋە «ك» نىڭ ئالدىدا كەلسە ئۇيغۇر تىلىدىكى «ڭ».

«مْ»، «م» نىڭ ئالدىدا كەلسە ساكىنلىك «ن» گە، «ل» نىڭ ئالدىدا كەلسە ساكىنلىك «ل» گە، «ي» نىڭ ئالدىدا كەلسە ساكىنلىك «ن» «ي» غا ئۆزگەرىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مَنْبَعٌ ى مَمْبَعٌ، مِنْ بَعْدِ ى مِمْ بَعْدِ، مَنْ رَأَى ى مَرَّأَى، مَكَانٌ بَعِيدٌ

مَكَانُمْ بَعِيدٌ، يَنْفَعُ ى يَونْفَعُ، مَنْ قَالَ، مَنْ كَانَ ى مَقْ قَالَ مَكْ كَانَ، مِنْقَارٌ

ى مِغْفَارٌ، مِنْكَ ى مِكْكَ، مَنْ لَهُ ى مَلَّهُ، مَأْكُولَاتٌ لَازِمَةٌ ى مَأْكُولَاتُلَّازِمَةٌ

مِنْ مَا ى مِمَّا، مَنْ وَجَدَ ى مَوَّجَدَ، لَنْ يَكْتُبَ ى لَيَّكْتُبَ دەپ ئوقۇلىدۇ.

ساكىنلىك «ث»، «د»، «ط» ھەرپلىرى ساكىن «ت» نىڭ ئالدىدا كەلسە، ئۆزى يوقىتىپ «ت» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: وَدَدْتُ = وَدَتُّ، بَسَطْتُ = بَسَتُّ، وَعَدْتُ = وَعَتُّ

9) «ــــ» — مەد: مەد قويۇلغان ھەرپلەر ئاشقا ھەرپلەردىن بىر، ياكى بىرنەچچە ھەسسە سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەد پەقەت «و، ا، ي» ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگىلا قويۇلىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ ھەرپ ئۆزى ساكىنلىك بولۇپ «و» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەشلىك، «ا» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك، «ي» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زېرلىك بولغاندىلا ئاندىن شۇ ئۈچ ھەرپ سەنەدلىك ئالاھىدە سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئاندىن ئالدىدىكى ھەرپلەردىن بىر، بىرنەچچە ھەسسە سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يَقُولُ، قَالَ، قِيلَ، يَا أَحْمَدُ، يَا أُسْتَاذُ، يَا أَيُّهَا الطُّلَّابُ، يَا أَبِي، يَا أَخِي.

«آ» سوزۇلىدۇ، بۇ غۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە بەزىدە ئالاھىدە سوزۇق ئاۋۇش بولىدۇ. مەسىلەن: آلَةٌ، سُؤَالٌ، نَشَآتٌ، اَلْآنَ.

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا زەبەرلىك ھەرپتىن كېيىن كەلگەن ساكىنلىك «ى» بەزىدە «ا» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: قَضَى، رَحَى، دُجَى، مَتَى.

8) «ا» پەقەت ئۆزى ساكىنلىك بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك بولغاندىلا شەرتلىك ئالاھىدە سوزۇق ئاۋاز بولۇپ «الف» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ھەمزە «ء» قوشماي يېزىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھالەتلەردە كەلگەن «ا» ھەمزە دەپ ئاتىلىپ، تۆۋەندىكىچە يېزىلىدۇ.

1- ھەمزە —— (ء) سۆزلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ زەبەرلىك بولسا، «ا» نىڭ ئۈستىگە (أ)، زىرلىك بولسا «ا» نىڭ ئاستىغا (إ)، پەشلىك بولسا «ا» نىڭ ئۈستىگە (أ) يېزىلىدۇ. مەسىلەن: أَكَلَ، إِجْلِسْ، أُنْصُرْ، أُذُنٌ

بەزىدە «ا» نىڭ ئۈستىگە يېزىلغان پەشلىك ھەمزەنىڭ يېنىغا «و» قوشۇپ يېزىلىپ «و» ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن: أُولُوالأَمْرِ، أُولاَءِ

2- سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ھەمزە «ئ، ؤ، أ» شەكلىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن: إِئْتَلَفَ، رَئِيسٌ، لَئِيمٌ، حِينَئِذٍ، إِمْرَأَةٌ، مَسْئَلَةٌ، مَأْذُونٌ، مَأْمُورٌ، يَأْتَمِرُ، رَأْيٌ

3- سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەشلىك ھەرپتىن كېيىن كەلگەن ھەمزە «و» نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن: مُؤْتَمَرٌ، مُؤْلِمٌ، مُؤَنَّثٌ، مُؤَامَرَةٌ، سُؤَالٌ، رُؤْيَاءُ

4) ھەمزە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا زەبەرلىك ھەرپتىن كېيىن كەلسە «ا» نىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ، ساكىنلىك ھەرپتىن كېيىن كەلسە يالغۇز (ء) يېزىلىدۇ. مەسىلەن: قَرَأَ، مَلأَ، أَوْمَأَ، نِدَاءٌ، جُزْءٌ، شَيْءٌ، بُطْءٌ

# اَلدَّرْسُ الْخَامِسُ 5-دەرس

## اَلْ اَلْ

ئەرەپ تىلىدىكى 28 ھەرپ - ئاي ھەرپلىرى (حُرُوف قَمَرِيَّة)، قوياش ھەرپلىرى (حُرُوف شَمْسِيَّة) دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئاي ھەرپلىرى 14 بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ا ب ج ح خ ع غ ف ق ك م ه و ى

قوياش ھەرپلىرى 14 بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت

ت ث د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ل ن

ئۇمۇمەن ئاي ھەرپىنىڭ بېشىغا قوشۇلغان «ال» يەككە سۆزلەردە تولۇق ئوقۇلىدۇ، قوشما سۆزلەردە «ال» دىكى «ا» ئوقۇلماي «ل» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

اَلْبَابُ، اَلْجَرِيدَةُ، اَلْمُحَادَثَةُ، مِنَ الْبَابِ، إِلَى الْمَدْرَسَةِ، اِقْرَأِ الْجَرِيدَةَ، صَبَاحُ الْخَيْرِ، مَسَاءُ الْخَيْرِ.

ئۇمۇمەن قوياش ھەرپىنىڭ بېشىغا قوشۇلغان «ال» قوشما سۆزلەردە ئوقۇلمايدۇ، ئەمما قوشما سۆزلەردە بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كېيىنكى سۆزنىڭ «ال» دىن كېيىن كەلگەن قوياش ھەرپىگە كىرىشتۈرۈلۈپ قوياش ھەرپى «ل» قىلىپ ئىككى ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: طَلَعَتِ الشَّمْسُ فِي السَّاعَةِ الثَّامِنَةِ، حُجْرَةُ الدَّرْسِ، اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ، إِلَى اللِّقَاءِ، مَعَ السَّلَامَةِ.

يەككە سۆزلەردە «ال» دىكى «ا» ئوقۇلۇپ «ل» ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن: اَلتَّبْغُ، اَلثَّامِنُ، اَلدَّرَّاجَةُ، اَلسَّيَّارَةُ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

«ال» نىڭ ئالدىدا «لَ، لِ» كەلسە «ال» دىكى «ا» نى تاشلاپ، «لـ» غا ئالدىدا كەلگەن «لـ» قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: لِلْحُجْرَةِ، لِلْمُعَلِّمِ، لِلطُّلاَّبِ، لِلسَّيَّارَةِ، لِلشَّمْسِ.

«ال» قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ساكىنلىق ھەرپ بىلەن قوشۇپ ئوقۇلىدىغان چاغدا، شۇ ساكىنلىق ھەرپ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك بولسا، زىر قىلىپ، زىرلىك بولسا (هِمْ دىن باشقىسى) زەبەر قىلىپ، پەشلىك بولسا، پەش قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: كَمْ اَلسَّاعَةُ نى كَمِ السَّاعَةُ، مَنْ اَلْمُعَلِّمُ نى مَنِ الْمُعَلِّمُ، مِنْ اَلْمَنْزِلِ نى مِنَ الْمَنْزِلِ، وَعَلَيْكُمْ اَلسَّلاَمُ نى وَعَلَيْكُمُ السَّلاَمُ، هُوَ يُعَلِّمُكُمْ اَلْعَرَبِيَّةَ نى هُوَ يُعَلِّمُكُمُ الْعَرَبِيَّةَ قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «هِمْ» نى «ال» گە قوشۇپ ئوقۇغاندا، «هِمْ» قىلماستىن «هِمُ» قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: سَأَلْتُ عَنْ اِخْوَانِهِمُ الَّذِيْنَ سَافَرُوْا. كَتَبَ اِلَى اَقْرِبَائِهِمُ الْمُقِيْمِيْنَ فِي الْخَارِجِ.

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە سۆزۈق تاۋۇش بولۇپ كەلگەن «و، ا، ى» كېيىنكى سۆز بىلەن «ال» گە قوشۇپ ئوقۇشتا تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: كَتَبُوْا اَلدَّرْسَ نى كَتَبُ الدَّرْسَ، سَأَلُوْا اَلْمُعَلِّمَ نى سَأَلُ الْمُعَلِّمَ، لِهٰذَا اَلْكِتَابِ نى لِهٰذَ الْكِتَابِ، عَلَى اَلطَّاوِلَةِ نى عَلَ الطَّاوِلَةِ، فِي اَلْبَيْتِ نى فِ الْبَيْتِ، اِلَى اَللِّقَاءِ نى اِلَ اللِّقَاءِ قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

ئەمما سۆز ئاخىرىدا زەبەرلىك ھەرپتىن كېيىن كەلگەن ساكىنلىق «و» «ال» گە يەنە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: لاَتَنْسَوْا اَلْمُنْعِمَ نى لاَتَنْسَوُا الْمُنْعِمَ

ساكىنلىق ھەرپلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن زىرلىك ۋە پەشلىك ھەمزە (إ، أ). سۆزلەرگە قوشۇپ ئوقۇشتا تاشلىنىپ كېتىدۇ، ھەمزىنىڭ ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپ زىر قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: مَا إِسْمُكَ نى مَاسْمُكَ، وَاجْلِسْ نى وَجْلِسْ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فَاذْهَبْ نى فَذْهَبْ، وَادْخُلْ نى وَدْخُلْ . وَاكْتُبْ نى وَكْتُبْ . اَلْاِبْنُ نى اَلِبْنُ ،
اَلْاِجْتِمَاعُ نى اَلِجْتِمَاعُ ، يَوْمُ الْاِثْنَيْنِ نى يَوْمُ لِثْنَيْنِ قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

سۆز ئاخىرىدىكى تەنۋىنلىك ھەرىپلەرنى «ال» گە قوشۇپ ئوقۇش لازىم بولغاندا تەنۋىندىن ھاسىل بولغان ساكىنلىك «ن» تاۋۇشى زىر قىلىپ قوشۇپ ئوقۇلىدۇ مەسىلەن، كِتَابًا اَلَّذِى نى كِتَابَنِ الَّذِى ، كِتَابٌ اَلَّذِى نى كِتَابُنِ الَّذِى، كِتَابٍ اَلَّذِى نى كِتَابِنِ الَّذِى قىلىپ ئوقۇلىدۇ

## اَلتَّمْرِينُ    كۆنۈكمە

«اَلْ» ئوقۇلىدىغان ۋە ئوقۇلمايدىغان جايلارنى ئاساسەن پەرقلەندۈ-رۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى كەلىمەلەرنى يېشىپ يادلاڭلار:

اَلْأَلِفُ . اَلْبَاءُ ، اَلْجِيمُ . اَلْحَاءُ ، اَلْخَاءُ ، اَلْعَيْنُ ، اَلْغَيْنُ .
اَلْفَاءُ ، اَلْقَافُ . اَلْكَافُ ، اَلْمِيمُ . اَلْهَاءُ ، اَلْوَاوُ ، اَلْيَاءُ .
اَلتَّاءُ ، اَلثَّاءُ ، اَلدَّالُ ، اَلذَّالُ ، اَلرَّاءُ ، اَلزَّايُ ، اَلسِّينُ :
اَلشِّينُ ، اَلصَّادُ ، اَلضَّادُ ، اَلطَّاءُ ، اَلظَّاءُ ، اَللَّامُ ، اَلنُّونُ
اَلتِّلْمِيذُ ، اَلتَّدْرِيسُ . اَلثَّوْبُ . اَلثَّالِثُ ، اَلدَّوْلَةُ .
اَلدَّرْسُ ، اَلذَّكِيُّ ، اَلذُّرَّةُ ، اَلرَّأْسُ ، اَلرَّجُلُ ،
اَلزِّيَارَةُ ، اَلزَّوْجَةُ . اَلزَّوْجُ ، اَلسِّنُّ ، اَلسُّوقُ ،
اَلشَّمْسُ ، اَلشَّهْرُ . اَلصُّورَةُ ، اَلصُّبْحُ ، اَلضَّيْفُ ،
اَلضَّوْءُ ، اَلطَّبِيبُ . اَلطَّرِيقُ . اَلظَّلَامُ ، اَلظُّهْرُ ،
اَللَّيْلُ . اَللِّقَاءُ ، اَلنَّهَارُ . اَلنَّوْمُ .

# اَلدَّرْسُ السَّادِسُ  6 - دەرس

## مُفْرَدَاتٌ  سۆزلۈكلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مَنْ | كىم | 9 | مُعَلِّمُونَ | ئوقۇتقۇچىلار |
| 2 | أَنَا | مەن | 10 | مُعَلِّمَةٌ | ئوقۇتقۇچى (ئايال) |
| 3 | نَحْنُ | بىز | 11 | مُعَلِّمَاتٌ | ئوقۇتقۇچىلار (ئايال) |
| 4 | أَنْتَ | سىز | 12 | طَالِبٌ | ئوقۇغۇچى |
| 5 | أَنْتُمْ | سىزلەر | 13 | طُلَّابٌ | ئوقۇغۇچىلار |
| 6 | أَنْتِ | سىز (ئايال) | 14 | طَالِبَةٌ | ئوقۇغۇچى (ئايال) |
| 7 | أَنْتُنَّ | سىزلەر (ئايال) | 15 | طَالِبَاتٌ | ئوقۇغۇچىلار (ئايال) |
| 8 | مُعَلِّمٌ | ئوقۇتقۇچى | 16 | مُؤَنَّثٌ | جىشى (= م) |

## اَلنَّصُّ  تېكىست

أَنَا مُعَلِّمٌ    نَحْنُ مُعَلِّمُونَ    أَنَا مُعَلِّمَةٌ    نَحْنُ مُعَلِّمَاتٌ

أَنْتَ طَالِبٌ    أَنْتُمْ طُلَّابٌ    أَنْتِ طَالِبَةٌ    أَنْتُنَّ طَالِبَاتٌ

> اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ ،    وَعَلَيْكُمُ السَّلَامُ
>
> أَهْلًا وَسَهْلًا وَمَرْحَبًا بِكُمْ (ناھايىتى ياخشى كەلدىڭىز قارشى ئالىمىز)

## اَلتَّمْرِينُ  كۆنۈكمە

مَنْ أَنْتَ ؟    سىز كىم ؟    |    مَنْ أَنْتُمْ ؟    سىزلەر كىم ؟

أَنَا { مُعَلِّمٌ / طَالِبٌ }    مەن { ئوقۇتقۇچى / ئوقۇغۇچى }    |    نَحْنُ { مُعَلِّمُونَ / طُلَّابٌ }    بىزلار { ئوقۇتقۇچى / ئوقۇغۇچى }

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مَنْ أَنْتِ ؟ — سىز كىم؟ | مَنْ أَنْتُنَّ ؟ — سىزلار كىم؟ |
| أَنَا مُعَلِّمَةٌ / طَالِبَةٌ — مەن ئوقۇتقۇچى / ئوقۇغۇچى | نَحْنُ مُعَلِّمَاتٌ / طَالِبَاتٌ — بىز (ئاياللار) ئوقۇتقۇچى / ئوقۇغۇچى |

# اَلدَّرْسُ السَّابِعُ 7 - دەرس

## مُفْرَدَاتٌ سۆزلۈكلەر

| | | |
|---|---|---|
| 1 | هُوَ | ئۇ |
| 2 | هُمْ | ئۇلار |
| 3 | هِيَ | ئۇ (مؤنث) |
| 4 | هُنَّ | ئۇلار (مؤنث) |
| 5 | هَلْ | مۇ (؟) |
| 6 | نَعَمْ | ھەئە، شۇنداق |
| 7 | عَامِلٌ | ئىشچى |
| 8 | عُمَّالٌ | ئىشچىلار |
| 9 | عَامِلَةٌ | ئىشچى (م) |
| 10 | عَامِلَاتٌ | ئىشچىلار (م) |
| 11 | فَلَّاحٌ | دېھقان |
| 12 | فَلَّاحُونَ | دېھقانلار |
| 13 | فَلَّاحَةٌ | دېھقان (م) |
| 14 | فَلَّاحَاتٌ | دېھقانلار (م) |

## اَلنَّصُّ تېكىست

هُوَ عَامِلٌ ، هُمْ عُمَّالٌ ، هِيَ عَامِلَةٌ ، هُنَّ عَامِلَاتٌ .
هُوَ فَلَّاحٌ ، هُمْ فَلَّاحُونَ ، هِيَ فَلَّاحَةٌ ، هُنَّ فَلَّاحَاتٌ .

| | |
|---|---|
| هَلْ أَنْتَ بِخَيْرٍ ؟ | ياخشىمۇسىز؟ |
| شُكْرًا لَكَ أَنَا بِخَيْرٍ وَأَنْتَ ؟ | رەھمەت سىزگە مەن ياخشى، سىز چۇ ؟ |
| وَأَنَا بِخَيْرٍ أَيْضًا . | مەنمۇ ياخشى . |

## اَلتَّمْرِينُ

## كونۇكمه

| | | | |
|---|---|---|---|
| هَلْ هُوَ | عَامِلٌ؟ | ئۇ | ئىشچىمۇ؟ |
| | فَلَّاحٌ؟ | | دېخانمۇ؟ |
| | مُعَلِّمٌ؟ | | ئوقۇتقۇچىمۇ؟ |
| | طَالِبٌ؟ | | ئوقۇغۇچىمۇ؟ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| نَعَمْ هُوَ | عَامِلٌ | ھەئە ئۇ | ئىشچى |
| | فَلَّاحٌ | | دېخان |
| | مُعَلِّمٌ | | ئوقۇتقۇچى |
| | طَالِبٌ | | ئوقۇغۇچى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| هَلْ هُمْ | عُمَّالٌ؟ | ئۇلار | ئىشچىمۇ؟ |
| | فَلَّاحُونَ؟ | | دېخانمۇ؟ |
| | مُعَلِّمُونَ؟ | | ئوقۇتقۇچىمۇ؟ |
| | طُلَّابٌ؟ | | ئوقۇغۇچىمۇ؟ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| نَعَمْ هُمْ | عُمَّالٌ | ھەئە ئۇلار | ئىشچى |
| | فَلَّاحُونَ | | دېخان |
| | مُعَلِّمُونَ | | ئوقۇتقۇچى |
| | طُلَّابٌ | | ئوقۇغۇچى |

مَنْ هِيَ؟

ئۇ كىم؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| هِيَ | عَامِلَةٌ | ئۇ (م) | ئىشچى |
| | فَلَّاحَةٌ | | دېخان |
| | مُعَلِّمَةٌ | | ئوقۇتقۇچى |
| | طَالِبَةٌ | | ئوقۇغۇچى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| هُنَّ | عَامِلَاتٌ | ئۇلار (م) | ئىشچى |
| | فَلَّاحَاتٌ | | دېخان |
| | مُعَلِّمَاتٌ | | ئوقۇتقۇچى |
| | طَالِبَاتٌ | | ئوقۇغۇچى |

# اَلدَّرْسُ الثَّامِنُ

# 8 - دەرس

## مُفْرَدَاتٌ

## سۆزلۈكلەر

| | | |
|---|---|---|
| 1 | مَا | نېمە، نەرسە |
| 2 | هَذَا | ماۋۇ، بۇ |
| 3 | هَذِهِ (م) | ماۋۇ، ماۋۇلار |
| 4 | هَؤُلَاءِ (ئەر-ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق) | ماۋۇلار، بۇلار |
| 5 | ذَلِكَ | ئاۋۇ |
| 6 | تِلْكَ (م) | ئاۋۇ، ئاۋۇلار |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 7 | أُولَائِكَ | ئاۋۇلار (ئەر، ئايالغا ئوخشاش) |
| 8 | (أُولَئِكَ) | |
| 9 | كِتَابٌ | كىتاب |
| 10 | كُتُبٌ | كىتاپلار |
| 11 | قَلَمٌ | قەلەم |
| 12 | أَقْلَامٌ | قەلەملەر |
| 13 | كُرْسِيٌّ | ئۈستەل |
| 14 | كَرَاسِيٌّ | ئۈستەللەر |
| 15 | بَابٌ | ئىشىك |
| 16 | أَبْوَابٌ | ئىشىكلەر |
| 17 | نَافِذَةٌ | دېرىزە |
| 18 | كُرَّاسَةٌ | دەپتەر |
| 19 | طَاوِلَةٌ | شىرە |
| 20 | طَاوِلَاتٌ | شىرەلەر |

## اَلنَّصُّ — تېكىست

هَذَا { كِتَابٌ، قَلَمٌ، كُرْسِيٌّ، بَابٌ }

هَذِهِ { كُتُبٌ، أَقْلَامٌ، كَرَاسِيٌّ، أَبْوَابٌ }

هَذِهِ { مُعَلِّمَةٌ، طَالِبَةٌ، عَامِلَةٌ، فَلَّاحَةٌ }

هَؤُلَاءِ { مُعَلِّمُونَ، مُعَلِّمَاتٌ، طُلَّابٌ، طَالِبَاتٌ }

ذَلِكَ { قَلَمٌ، كُرْسِيٌّ، بَابٌ }

تِلْكَ { نَافِذَةٌ، كُرَّاسَةٌ، طَاوِلَةٌ }

تِلْكَ { أَقْلَامٌ، كُتُبٌ، طَاوِلَاتٌ }

أُولَائِكَ { مُعَلِّمُونَ، مُعَلِّمَاتٌ، طُلَّابٌ }

| | |
|---|---|
| مَا إِسْمُكَ ؟ | ئىسمىڭىز نېمە ؟ |
| إِسْمِي ... | ئىسمىم ... |
| كَيْفَ حَالُكَ ؟ | ئەھۋالىڭىز قانداق؟ |
| طَيِّبٌ (أَحْسَنٌ) | ناھايىتى ياخشى |

# اَلتَّمْرِينُ    كونوكمه

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَا هٰذَا؟ | ماۋۇ نمه؟ | مَا هٰذِهِ؟ | ماۋۇ نمه؟ |
| هٰذَا { كِتَابٌ / قَلَمٌ | ماۋۇ { كتاپ / قەلەم | هٰذِهِ { كُرَّاسَةٌ / طَاوِلَةٌ | ماۋۇ { دەپتەر / ئشره |
| مَنْ هٰؤُلَاءِ؟ | ماۋۇلاركم؟ | مَا تِلْكَ؟ | ئاۋۇ نمه؟ |
| هٰؤُلَاءِ { مُعَلِّمُونَ / طُلَّابٌ / عَامِلَاتٌ | ماۋۇلار { ئوقۇتقۇچى / ئوقۇغۇچى / ئشچى (م) | تِلْكَ { نَافِذَةٌ / طَاوِلَةٌ / كُرَّاسَةٌ | ئاۋۇ { درىزە / ئشره / دەپتەر |
| مَا تِلْكَ؟ | ئاۋۇلار نمه؟ | مَنْ أُولَائِكَ؟ | ئاۋۇلاركم؟ |
| تِلْكَ { أَقْلَامٌ / كُتُبٌ / طَاوِلَاتٌ / كُرَّاسَاتٌ | ئاۋۇلار { قەلەم / كتاپ / ئشره / ئۇستەل | أُولَائِكَ { عُمَّالٌ / فَلَّاحُونَ / عَامِلَاتٌ / فَلَّاحَاتٌ | ئاۋۇلار { ئشچى / دىخان / ئشچى (م) / دىخان (م) |

# اَلدَّرْسُ التَّاسِعُ    9-دەرس

## مُفْرَدَاتٌ    سوزلۇكلەر

1 مَا......
2 لَيْسَ...    } بـ... ئەمەس
3 لَيْسَتْ...
4 كَادِرٌ    كادىر
5 كَوَادِرُ    كادىرلار
6 كَادِرَةٌ    كادىر } (م)
7 كَادِرَاتٌ    كادىرلار } (م)
8 طَبِيبٌ    دوختۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

9 أَطِبَّاءُ — دوختورلار

10 طَبِيبَةٌ — دوختور (م)

11 طَبِيبَاتٌ — دوختورلار (م)

12 مُمَرِّضٌ — سېستىرا

13 مُمَرِّضُونَ — سېستىرالار

14 مُمَرِّضَةٌ — سېستىرا (م)

15 مُمَرِّضَاتٌ — سېستىرالار (م)

16 سَائِقٌ — شوپۇر

17 سَائِقُونَ — شوپۇرلار

18 سَائِقَةٌ — شوپۇر (م)

19 سَائِقَاتٌ — شوپۇرلار (م)

20 لَا — ياق يوق

## اَلنَّصُّ — كونۇكمە

أَنَا { كَادِرٌ / طَبِيبٌ / سَائِقٌ }

مَا أَنَا { بِكَادِرٍ / بِطَبِيبٍ / بِسَائِقٍ }

أَنَا { كَادِرَةٌ / طَبِيبَةٌ / سَائِقَةٌ }

مَا أَنَا { بِكَادِرَةٍ / بِطَبِيبَةٍ / بِسَائِقَةٍ }

هُوَ { مُعَلِّمٌ / طَالِبٌ / طَبِيبٌ / مُمَرِّضٌ / سَائِقٌ / كَادِرٌ }

{ مَا / لَيْسَ } — هُوَ { بِمُعَلِّمٍ / بِطَالِبٍ / بِطَبِيبٍ / بِمُمَرِّضٍ / بِسَائِقٍ / بِكَادِرٍ }

هُمْ { أَطِبَّاءُ / مُمَرِّضُونَ / سَائِقُونَ / مُعَلِّمُونَ }

{ مَا / لَيْسَ } — هُمْ { بِأَطِبَّاءَ / بِمُمَرِّضِينَ / بِسَائِقِينَ / بِمُعَلِّمِينَ }

هِيَ { مُعَلِّمَةٌ / طَالِبَةٌ / طَبِيبَةٌ / سَائِقَةٌ / كَادِرَةٌ / مُمَرِّضَةٌ }

مَا / لَيْسَتْ } هِيَ { بِمُعَلِّمَةٍ / بِطَالِبَةٍ / بِطَبِيبَةٍ / بِسَائِقَةٍ / بِكَادِرَةٍ / بِمُمَرِّضَةٍ

هُنَّ { طَبِيبَاتٌ / مُمَرِّضَاتٌ / سَائِقَاتٌ / كَادِرَاتٌ }

مَا / لَيْسَتْ } هُنَّ { بِطَبِيبَاتٍ / بِمُمَرِّضَاتٍ / بِسَائِقَاتٍ / بِكَادِرَاتٍ

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَا هُوَ مُعَلِّمًا | لَيْسَ هُوَ مُعَلِّمًا | مَا هُمْ مُعَلِّمِينَ | لَيْسَ هُمْ مُعَلِّمِينَ |
| مَا هِيَ مُعَلِّمَةً | لَيْسَتْ هِيَ مُعَلِّمَةً | مَا هُنَّ مُعَلِّمَاتٍ | لَيْسَتْ هُنَّ مُعَلِّمَاتٍ |

| | |
|---|---|
| صَبَاحُ الْخَيْرِ ! | ئه تىگه نلىگىڭىز ياخشى بولسۇن! |
| صَبَاحُ النُّورِ ! | |
| مَسَاءُ الْخَيْرِ ! | كه چلىگىڭىز ياخشى بولسۇن! |
| مَسَاءُ النُّورِ ! | |
| ـ كَيْفَ صِحَّتُكَ ؟ | سالامه تلىكىڭىز قانداق؟ |
| ـ بِخَيْرٍ | ياخشى |

ئەسكەرتىش:

«مَا» ياكى «لَيْسَ» بىلەن بولۇشسىزغا ئايلاندۇرۇلغان سۆزلەرنىڭ بېشىغا ئادەتتە «بِ» قوشۇلۇپ كېلىدۇ، «بِ» قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى قوش زېرغا ئۆزگىرىدۇ. بەزىدە «بِ» قوشۇلمايمۇ كېلىدۇ. «بِ» قوشۇلمىغاندا، شۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى قوش زەبەرگە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

هُوَ مُعَلِّمٌ، مَا هُوَ بِمُعَلِّمٍ، مَا هُوَ مُعَلِّمًا. لَيْسَ هُوَ بِمُعَلِّمٍ،

لَيْسَ هُوَ مُعَلِّمًا

«مَا» مُذَكَّرْ (ئەرلىك)، مُؤَنَّثْ (چىشى) نىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈككە ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەمما «لَيْسَ» جۈملە بېشى بولۇپ كەلگەندە «مُذَكَّرْ»نىڭ بىرلىكى بىلەن كۆپلۈكىگە «لَيْسَ»، «مُؤَنَّثْ»نىڭ بىرلىكى بىلەن كۆپلۈككە «لَيْسَتْ» قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## اَلتَّمْرِينُ كۆنۈكمە

| | | | |
|---|---|---|---|
| هَلْ أَنْتَ طَبِيبٌ ؟ | سىز دوختۇرمۇ؟ | هَلْ أَنْتُنَّ طَبِيبَاتٌ ؟ | سىزلار(م) دوختۇرمۇ؟ |
| لَا، مَا أَنَا بِطَبِيبٍ | ياق، مەن دوختۇر ئەمەس | لَا مَا نَحْنُ بِطَبِيبَاتٍ. | ياق، بىز دوختۇر ئەمەس (م) |
| هَلْ أَنْتُمْ أَطِبَّاءُ ؟ | سىزلار دوختۇرمۇ؟ | هَلْ أَنْتَ طَبِيبٌ ؟ | سىز دوختۇرمۇ؟ |
| لَا، مَا نَحْنُ بِأَطِبَّاءَ. | ياق، بىز دوختۇر ئەمەس. | لَا مَا أَنَا طَبِيبًا | ياق، مەن دوختۇر ئەمەس |
| هَلْ أَنْتِ طَبِيبَةٌ ؟ | سىز(م) دوختۇرمۇ؟ | هَلْ أَنْتِ طَبِيبَةٌ | سىز(م) دوختۇرمۇ |
| لَا، مَا أَنَا بِطَبِيبَةٍ. | ياق، مەن دوختۇر ئەمەس (م) | لَا مَا أَنَا طَبِيبَةً. | ياق، مەن دوختۇر ئەمەس (م) |

مَا هُوَ بِسَائِقٍ ئۇ شوپۇر ئەمەس. لَيْسَ هُوَ بِسَائِقٍ ئۇ شوپۇر ئەمەس.

مَا هِيَ بِسَائِقَةٍ ئۇ(م) شوپۇر ئەمەس لَيْسَتْ هِيَ بِسَائِقَةٍ ئۇ(م) شوپۇر ئەمەس.

مَا هُمْ بِسَائِقِينَ — ئۇلار شوپېر ئەمەس

لَيْسَ هُمْ بِسَائِقِينَ — ئۇلار شوپېر ئەمەس

مَا هُنَّ بِسَائِقَاتٍ — ئۇلار(م) شوپېر ئەمەس.

لَيْسَتْ هُنَّ بِسَائِقَاتٍ — ئۇلار(م) شوپېر ئەمەس.

مَا هُوَ سَائِقًا — ئۇ شوپېر ئەمەس

لَيْسَ هُوَ سَائِقًا — ئۇ شوپېر ئەمەس

مَا هُمْ سَائِقِينَ — ئۇلار شوپېر ئەمەس.

لَيْسَ هُمْ سَائِقِينَ — ئۇلار شوپېر ئەمەس.

مَا هُنَّ سَائِقَاتٍ — ئۇلار(م) شوپېر ئەمەس.

لَيْسَتْ هُنَّ سَائِقَاتٍ — ئۇلار(م) شوپېر ئەمەس.

## اَلدَّرْسُ الْعَاشِرُ 10 - دەرس

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 دَفْتَرٌ | دەپتەر | 9 طَائِرَةٌ | ئايروپىلان |
| 2 غُرْفَةٌ | خانا، ئۆي | 10 عَمُودِيَّةٌ | تىك ئۇچار |
| 3 نَوْمٌ | ئۇيقۇ | 11 حَرْبِيَّةٌ | ھەربى |
| 4 سَيَّارَةٌ | ماشىنا (ئاۋتوموبىل) | 12 عَسْكَرِيَّةٌ | ھەربى |
| 5 جَرَّارَةٌ | تراكتور | 13 مَدَنِيَّةٌ | پاسسازىر |
| 6 دَبَّابَةٌ | تانكا | 14 نَفَّاثَةٌ | رېئاكتىپ |
| 7 مُدَرَّعَةٌ | برونېۋىك | 15 زَمِيلٌ | ساۋاقداش |
| 8 جُنْدِيَّةٌ | ھەربى (ئايال ئەسكەر) | 16 صَدِيقٌ | دوست |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# اَلنَّصُّ تېكست

هَلْ هَذَا دَفْتَرٌ ؟

لَا ، مَا ـ (لَيْسَ) هَذَا بِدَفْتَرٍ،بَلْ هَذَا كِتَابٌ .

هَلْ هَذِهِ غُرْفَةُ النَّوْمِ ؟

لَا ، لَيْسَتْ ـ (مَا) هَذِهِ بِغُرْفَةِ النَّوْمِ،بَلْ هَذِهِ غُرْفَةُ الدَّرْسِ.

هَذِهِ { سَيَّارَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ / طَائِرَةٌ حَرْبِيَّةٌ }

هَذِهِ { دَبَّابَةٌ / جَرَّارَةٌ }

مَا / لَيْسَ هَذِهِ بِـ { سَيَّارَةٍ عَسْكَرِيَّةٍ / طَائِرَةٍ حَرْبِيَّةٍ / طَائِرَةٍ عَمُودِيَّةٍ }

بَلْ هَذِهِ { سَيَّارَةٌ مَدَنِيَّةٌ / طَائِرَةٌ مَدَنِيَّةٌ / طَائِرَةٌ نَفَّاثَةٌ }

هَلْ فَهِمْتُمُ الدَّرْسَ السَّابِقَ ؟ ئۆتكەن دەرسنى چۈشەندىڭلارمۇ؟

فَهِمْنَا . چۈشەندۇق مَا فَهِمْنَا .چۈشەنمىدۇق .

هَلِ الدَّرْسُ مَفْهُومٌ ؟ دەرس چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

مَفْهُومٌ . چۈشىنىشلىك بولدى. غَيْرُ مَفْهُومٍ .چۈشىنىشسىز.

هَلْ لَكُمْ أَسْئِلَةٌ ؟ سوئاللىرىڭلار بارمۇ؟

مَنْ لَهُ سُؤَالٌ؟ كىمنىڭ سوئالى بار؟

لِيَ سُؤَالٌ . مېنىڭ سوئالىم بار

لَا ، لَيْسَ لَنَا أَسْئِلَةٌ . ياق سوئالىمىز يوق.

## اَلتَّمْرِينُ كۆنۈكمە

هَلْ هٰذَا دَفْتَرٌ ؟ ماۋۇ دەپتەرمۇ ؟

لَا، مَا = (لَيْسَ) هٰذَا بِدَفْتَرٍ بَلْ هٰذَا كِتَابٌ . ياق بۇ دەپتەر ئەمەس، بۇ كىتاپ

هَلْ هٰذِهِ غُرْفَةُ النَّوْمِ؟ ماۋۇ ياتاقمۇ؟

لَا، لَيْسَتْ = (مَا) هٰذِهِ بِغُرْفَةِ النَّوْمِ بَلْ هٰذِهِ غُرْفَةُ الدَّرْسِ . ياق، بۇ ياتاق ئەمەس، بۇ، سىنىپ .

هَلْ تِلْكَ سَيَّارَةٌ مُدَرَّعَةٌ ؟ ئاۋۇ بىرونېۋىكمۇ؟

لَا، مَا = (لَيْسَتْ) تِلْكَ بِسَيَّارَةٍ مُدَرَّعَةٍ بَلْ تِلْكَ دَبَّابَةٌ . ياق، ئاۋۇ بىرونېۋىك ئەمەس، بەلكى ئۇ، تانكا

هَلْ تِلْكَ سَيَّارَةٌ جُنْدِيَّةٌ ؟ ئاۋۇ ھەربىي ماشىنىمۇ؟

لَا، لَيْسَتْ = (مَا) تِلْكَ بِسَيَّارَةٍ جُنْدِيَّةٍ بَلْ تِلْكَ سَيَّارَةٌ مَدَنِيَّةٌ ياق، ئاۋۇ ھەربىي ماشىنا ئەمەس، بەلكى، ئۇ پاسسازىر ماشىنا

هَلْ تِلْكَ طَائِرَةٌ مَدَنِيَّةٌ ؟ ئاۋۇ پاسسازىر ئايروپىلانمۇ؟

لَا، مَا = (لَيْسَتْ) بِطَائِرَةٍ مَدَنِيَّةٍ بَلْ تِلْكَ طَائِرَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ . ياق، ئاۋۇ پاسسازىر ئايروپىلانى ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئايروپىلان

هَلْ تِلْكَ طَائِرَةٌ عَمُودِيَّةٌ ؟ ئاۋۇ تىك ئۇچار ئايروپىلانمۇ ؟

لَا، لَيْسَتْ = (مَا) تِلْكَ بِطَائِرَةٍ عَمُودِيَّةٍ بَلْ تِلْكَ طَائِرَةٌ نَفَّاثَةٌ . ياق، ئاۋۇ تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەمەس، رىئاكتىپ ئايروپىلان .

هَلْ أَنْتَ مُعَلِّمٌ ؟ سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟

لَا، مَا أَنَا بِمُعَلِّمٍ بَلْ أَنَا طَالِبٌ ياق، مەن ئوقۇتقۇچى ئەمەس، ئوقۇغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هَلْ هٰؤُلَاءِ مُعَلِّمُونَ ؟ ماۋۇلار ئوقۇتقۇچىمۇ؟

لَا، لَيْسَ (مَا) هٰؤُلَاءِ بِمُعَلِّمِينَ بَلْ هٰؤُلَاءِ طُلَّابٌ . ياق، ماۋۇلار ئوقۇتقۇچى

ئەمەس، بۇلار ئوقۇغۇچى .

لَا، لَيْسَتْ (مَا) هٰؤُلَاءِ بِمُعَلِّمَاتٍ بَلْ هٰؤُلَاءِ طَالِبَاتٌ . ياق، ماۋۇلار ئوقۇتقۇچى

(م) ئەمەس، بۇلار ئوقۇغۇچى . (م)

هَلْ أُولَائِكَ عُمَّالٌ؟ ئاۋۇلار ئىشچىمۇ؟

لَا، مَا (لَيْسَ) أُولَائِكَ بِعُمَّالٍ بَلْ أُولَائِكَ سَائِقُونَ . ياق، ئاۋۇلار ئىشچى ئەمەس

ئۇلار شوپۇر .

هَلْ أُولَائِكَ عَامِلَاتٌ ؟ ئۇلار ئىشچىمۇ ؟ (م)

لَا، مَا (لَيْسَتْ) أُولَائِكَ بِعَامِلَاتٍ بَلْ أُولَائِكَ سَائِقَاتٌ . ياق، ئاۋۇلار (م)

ئىشچى ئەمەس، ئۇلار شوپۇر (م)

# اَلدَّرْسُ الْحَادِي عَشَرَ 11 ـ دەرس

## مُفْرَدَاتٌ سۆزلۈكلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | عِنْدَ | دە | 4 | تَحْتَ | ئاستى، تېگى |
| 2 | فِي | دە | 5 | دَاخِلَ | ئىچى |
| 3 | مَاذَا... | نېمە، نېمە بار | 6 | خَارِجَ | سىرتى، تاشقى |
| 4 | عَلَى | گە، ئۈستى | 7 | أَمَامَ | ئالدى |
| 3 | فَوْقَ | ئۈستى... | 8 | وَرَاءَ | كەينى، ئارقىسى |

9 خَلْفَ — كەينى ئارقىسى

10 جَرِيدَةٌ — گېزىت

11 مَجَلَّةٌ — ژۇرنال

12 سَبُّورَةٌ — داسكا

13 حَائِطٌ
14 جِدَارٌ — تام

15 صُورَةٌ — رەسىم، سۈرەت

16 مَقْعَدٌ — ئورۇندۇق

17 حُجْرَةٌ — ئۆي، خانا

18 سَرِيرٌ — كارۋات

19 دَرَّاجَةٌ — ۋېلسىپىت

20 شَارِعٌ — كوچا

21 رَأْسٌ — باش

22 رُؤُوسٌ — باشلار

## اَلنَّصُّ تېكىست

عِنْدَ الْمُعَلِّمِ جَرِيدَةٌ — تَحْتَ الطَّاوِلَةِ مَقْعَدٌ

عِنْدَ هَذَا الطَّالِبِ مَجَلَّةٌ — فِي دَاخِلِ الْحُجْرَةِ سَرِيرٌ

فِي غُرْفَةِ الدَّرْسِ مُعَلِّمٌ وَطُلَّابٌ — فِي خَارِجِ الْبَابِ دَرَّاجَةٌ

عَلَى رُؤُوسِنَا مِصْبَاحٌ — أَمَامَ الْمُعَلِّمِ كِتَابٌ

عَلَى الْحَائِطِ سَبُّورَةٌ — وَرَاءَ الطُّلَّابِ نَافِذَةٌ

فَوْقَ السَّبُّورَةِ صُورَةٌ — خَلْفَ الْجِدَارِ شَارِعٌ

| | |
|---|---|
| قُمْ مِنْ مَقَامِكَ | ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ |
| أَجِبْ عَنْ هَذَا السُّؤَالِ | ماۋۇ سوئالغا جاۋاب بېرىڭ |
| تَفَضَّلْ بِالْجُلُوسِ | ئولتۇرسىلا ! |
| إِجْلِسْ | ئولتۇرۇڭ |

www.uyghurkitap.com

# ألتمرين كونوكمه

ماذا عند المعلم ؟ ئوقوتقوچىدا نىمه بار؟

عند المعلم جريدة ئوقوتقوچىدا گېزىت بار.

ماذا عند الطالب ؟ ئوقوغوچىدا نىمه بار؟

عند الطالب مجلة ئوقوغوچىدا ژورنال بار.

من في غرفة الدرس؟ دەرسخانىدا كىم بار؟

في غرفة الدرس معلم وطلاب دەرسخانىدا ئوقوتقوچى ۋە ئوقوغوچىلار بار.

ماذا على رؤوسنا؟ ئۈستىمىزدە نىمه بار ؟

على رؤوسنا مصباح ئۈستىمىزدە چىراغ بار.

ماذا على الحائط؟ تامدا نىمه بار؟

على الحائط سبورة (I) تامدا داسكا بار .

على الجدار سبورة (II) تامدا داسكا بار .

ماذا فوق السبورة ؟ داسكىنىڭ ئۈستىدە نىمه بار؟

فوق السبورة صورة داسكىنىڭ ئۈستىدە رەسىم بار.

ماذا على الطاولة ؟ شىرەئۈستىدە نىمه بار ؟

على الطاولة محفظة شىرەئۈستىدە سومكا بار

ماذا تحت الطاولة؟ شىرەنىڭ ئاستىدا نىمه بار؟

تحت الطاولة مقعد شىرەنىڭ ئاستىدا ئورۇندۇق بار.

ماذا في داخل الحجرة ؟ ئۆينىڭ ئىچىدە نىمه بار؟

في داخل الحجرة سرير ئۆينىڭ ئىچىدە كاروات بار.

مَاذَا فِي خَارِجِ الْبَابِ؟ ئۆينىڭ سىرتىدا نىمە بار؟

فِي خَارِجِ الْبَابِ دَرَّاجَةٌ ئۆينىڭ سىرتىدا ۋېلسىپىت بار.

مَاذَا أَمَامَ الْمُعَلِّمِ؟ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا نىمە بار؟

أَمَامَ الْمُعَلِّمِ كِتَابٌ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا كىتاب بار.

مَاذَا وَرَاءَ الطُّلَّابِ؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا نىمە بار.

وَرَاءَ الطُّلَّابِ نَافِذَةٌ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا دېرىزە بار.

مَاذَا خَلْفَ الْجِدَارِ؟ تامنىڭ كەينىدە نىمە بار

خَلْفَ الْجِدَارِ شَارِعٌ تامنىڭ كەينىدە كوچا بار.

## اَلدَّرْسُ الثَّانِي عَشَرَ 12-دەرس

### مُفْرَدَاتٌ سۆزلۈكلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | لِـ... ، لَـ... | نىڭ ... بار | 7 | أَبْيَضُ | ئاق |
| 2 | أَ... | ...مۇ؟ | 8 | مُسَجِّلٌ | ماگنىتوفون |
| 3 | قَاسِمٌ | قاسىم | 9 | جَدِيدٌ | يېڭى |
| 4 | فَرِيدَةٌ | پەرىدە | 10 | حِذَاءٌ | بېتىنكە |
| 5 | قَمِيصٌ | كۆينەك | 11 | أَحْمَرُ | قىزىل |
| 6 | كَمَالٌ | كامال | 12 | أَسْوَدُ | قارا (رەڭ) |

### اَلنَّصُّ تېكىست

لِقَاسِمٍ قَمِيصٌ لِفَرِيدَةَ حِذَاءٌ

لِكَمَالٍ مُسَجِّلٌ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قَمِيصُ الْقَاسِمِ أَبْيَضُ . هَذَا الْقَمِيصُ الْأَبْيَضُ لِلْقَاسِمِ

مُسَجِّلُ الْكَمَالِ أَسْوَدُ . هَذَا الْمُسَجِّلُ الْأَسْوَدُ لِلْكَمَالِ

حِذَاءُ الْفَرِيدَةِ أَحْمَرُ هَذَا الْحِذَاءُ الْأَحْمَرُ لِلْفَرِيدَةِ

| | |
|---|---|
| مَنْ يُجِيبُ عَنْ هَذَا السُّؤَالِ؟ | ماۋزۇسوئالغا كىم جاۋاپ بېرىدۇ؟ |
| هَلْ جَوَابُهُ صَحِيحٌ ؟ | ئۇنىڭ جاۋابى توغرىمۇ؟ |
| صَحِيحٌ | توغرا |
| غَيْرُ صَحِيحٍ | توغرا ئەمەس |
| خَاطِئٌ | خاتا |

## اَلتَّمْرِينُ كۆنۈكمە

أَلِلْقَاسِمِ قَمِيصٌ ؟ قاسىمنىڭ كۆينىكى بارمۇ؟

نَعَمْ لَهُ قَمِيصٌ . ھەئە، ئۇنىڭ كۆينىكى بار

أَلِلْكَمَالِ مُسَجِّلٌ ؟ كامالنىڭ ماگنىتوفونى بارمۇ؟

لَا، لَيْسَ لَهُ مُسَجِّلٌ ياق ئۇنىڭ ماگنىتوفونى يوق

أَلِلْفَرِيدَةِ حِذَاءٌ ؟ پەرىدىنىڭ بىشكىسى بارمۇ؟

نَعَمْ لَهَا حِذَاءٌ . ھەئە ئۇنىڭ بىشكىسى بار

هَلْ قَمِيصُ الْقَاسِمِ أَبْيَضُ؟ قاسىمنىڭ كۆينىكى ئاقمۇ؟

نَعَمْ . هُوَ أَبْيَضُ ھەئە، ئاق

هَلْ مُسَجِّلُ الْكَمَالِ أَسْوَدُ؟ كامالنىڭ ماگنىتوفونى قارىمۇ؟

نَعَمْ ، هُوَ أَسْوَدُ ھەئە، قارا.

هَلْ حِذَاءُ الْفَرِيدَةِ أَحْمَرُ؟ پەرىدىنىڭ بىشكىسى قىزىلمۇ؟

نَعَمْ، هِيَ أَحْمَرُ          ھەئە. قىزىل

لِمَنْ هَذَا الْقَمِيصُ الْأَبْيَضُ؟ بۇ ئاق كۆينەك كىمنىڭ؟

هَذَا الْقَمِيصُ الْأَبْيَضُ لِلْقَاسِمِ  بۇ ئاق كۆينەك قاسىمنىڭ

لِمَنْ هَذَا الْمُسَجِّلُ الْأَسْوَدُ؟  بۇ ماگنىتوفون كىمنىڭ؟

هَذَا الْمُسَجِّلُ الْأَسْوَدُ لِلْكَمَالِ  بۇ قارا ماگنىتوفون كامالنىڭ

لِمَنْ هَذَا الْحِذَاءُ الْأَحْمَرُ؟  بۇ قىزىل بىتىنكە كىمنىڭ؟

هَذَا الْحِذَاءُ الْأَحْمَرُ لِلْفَرِيدَةِ.  بۇ قىزىل بىتىنكە پەرىدىنىڭ.

## اَلدَّرْسُ الثَّالِثُ عَشَرَ  13 - دەرس

### مُفْرَدَاتٌ  سۆزلۈكلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مُدَرِّسٌ | ئوقۇتقۇچى | 11 | مُوَظَّفِينَ | خىزمەتچىلەر |
| 2 | مُدَرِّسُونَ | ئوقۇتقۇچىلار | 12 | فَصْلٌ | سىنىپ، پەسىل |
| 3 | مَعْهَدٌ | ئىنستىتۇت | 13 | أَنْ.. قَدْ | كەن غان |
| 4 | رَفِيقٌ | يولداش | 14 | جَاءَ، جَاؤُوا | كېلىشتى (كەلدى) |
| 5 | أَيْضًا | مۇ ھەم | 15 | مُسْتَشْفَى | دوختۇرخانا |
| 6 | مُتَعَلِّمٌ | ئوقۇغۇچى | 16 | مُسْتَشْفَيَاتٌ | دوختۇرخانىلار |
| 7 | مُتَعَلِّمُونَ | ئوقۇغۇچىلار | 17 | دَوَائِرُ | ئىدارىلار |
| 8 | اَللُّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ | ئەرەب تىلى | 18 | اَلْحُكُومَةُ | ھۆكۈمەت (سوۋېت) |
| 9 | فَرَاغِيَّةٌ | ئىشتىن سىرتقى | 19 | دَوَائِرُ الْحُكُومِيَّةِ | ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى |
| 10 | مُوَظَّفٌ | خىزمەتچى | 20 | وَحْدَةٌ | ئورۇن (ئىدارە) |

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| 21 وَحَدَاتٌ | ئورۇنلار | 24 كَمْ | قانچە |
| 22 أُخْرَى | باشقا | 25 مِنْ | دىن، تىن |
| 23 يُوجَدُ | بار | 26 أَيْنَ | قەيەردە |

## أَلنَّصُّ تېكست

نَحْنُ مُدَرِّسُونَ فِي مَعْهَدِ الْمُعَلِّمِينَ بِكَاشْغَرْ. وَهَذَا الرَّفِيقُ أَيْضًا مُدَرِّسٌ فِي مَعْهَدِنَا. نَتَعَلَّمُ الْآنَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ فِي الْمَدْرَسَةِ الْفَرَاغِيَّةِ لِلْمُوَظَّفِينَ بِكَاشْغَرْ. فِي هَذِهِ الْمَدْرَسَةِ فَصْلَانِ لِلُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ . فِي الْفَصْلِ الْأَوَّلِ خَمْسُونَ طَالِبًا وَفِي الْفَصْلِ الثَّانِي سِتَّةٌ وَخَمْسُونَ طَالِبًا . أَنَّهُمْ قَدْ جَاؤُوا مِنَ الْمَدَارِسِ وَالْمُسْتَشْفَيَاتِ وَالدَّوَائِرِ الْحُكُومِيَّةِ وَالْوَحَدَاتِ الْأُخْرَى

| | |
|---|---|
| إِفْتَحُوا كُتُبَكُمْ | كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار |
| أَنَا أَقْرَأُ أَوَّلًا | ئەۋۋەل مەن ئوقۇپ بېرەي |
| إِقْرَأْ | ئوقۇڭ |
| إِقْرَئِي | ئوقۇڭ (م) |
| إِقْرَأُوا مَعِي | ماڭا ئەگىشىپ (مەن بىلەن بىللە) ئوقۇڭلار |

## أَلتَّمْرِينُ كۆنۈكمە

مِنْ أَيْنَ أَنْتُمْ؟ سىزلەر قەيەردىن؟

نَحْنُ مِنْ مَعْهَدِ الْمُعَلِّمِينَ بىز پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

فِي أَيْنَ مَعْهَدُكُمْ؟ ئىنستىتۇتىڭلار نەدە؟

مَعْهَدُنَا بِكَاشِغَرَ　　ئىنستىتۇتىمىز قەشقەردە.

مَاذَا تَتَعَلَّمُونَ ؟　　نېمە ئوقۇۋاتىسىلەر؟

نَتَعَلَّمُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ　　ئەرەب تىلى ئوقۇۋاتىمىز

فِي أَيْنَ تَتَعَلَّمُونَ؟　　نەدە ئوقۇۋاتىسىلەر؟

فِي الْمَدْرَسَةِ الْفَرَاغِيَّةِ لِلْمُوَظَّفِينَ　　ئىشچى خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىدە

كَمْ فَصْلًا فِيهَا لِلُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ ؟　　ئۇنىڭدا قانچە ئەرەب تىلى سىنىپى بار؟

يُوجَدُ فَصْلَانِ　　ئىككى سىنىپ بار

كَمْ طَالِبًا فِي فَصْلِكُمْ ؟　　سىنىپىڭلاردا قانچە ئوقۇغۇچى بار؟

فِي فَصْلِنَا خَمْسُونَ طَالِبًا　　سىنىپىمىزدا ئەللىك ئوقۇغۇچى بار

مِنْ أَيْنَ الطُّلَّابُ ؟　　ئوقۇغۇچىلار قەيەرلەردىن؟

مِنَ الْمَدَارِسِ وَالْمُسْتَشْفَيَاتِ　　ئۇلار مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلاردىن

هَلْ مِنَ الدَّوَائِرِ الْحُكُومِيَّةِ وَالْوَحَدَاتِ الْأُخْرَى طُلَّابٌ ؟　　ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردىمۇ ئوقۇغۇچىلار بارمۇ؟

نَعَمْ، يُوجَدُ　　ھەئە، بار

# أَلدَّرْسُ الرَّابِعَ عَشَرَ 14-دەرس

## مُفْرَدَاتٌ

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 حِوَارٌ | سۆزلىشىش | 4 سَنَوَاتٌ | يىللار |
| 2 فُصُولٌ | سىنىپلار، پەسىللەر | 5 رَبِيعٌ | باھار |
| 3 سَنَةٌ | يىل، يىللىق | 6 صَيْفٌ | ياز |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 7 | خَرِيفٌ | كۈز |
| 8 | شِتَاءٌ | قىش |
| 9 | شَهْرٌ | ئاي |
| 10 | أَشْهُرٌ | ئايلار |
| 11 | يَنَايِرُ | يانۋار |
| 12 | فِبْرَايِرُ | فېۋرال |
| 13 | مَارِسُ | مارت |
| 14 | أَبْرِيلُ | ئاپرېل |
| 15 | مَايُو | ماي |
| 16 | يُونِيُو | ئىيۇن |
| 17 | يُولِيُو | ئىيۇل |
| 18 | أَغُسْطُسُ | ئاۋغۇست |
| 19 | سَبْتَمْبِرُ | سېنتەبىر |
| 20 | أُكْتُوبِرُ | ئوكتەبىر |
| 21 | نُوفَمْبِرُ | نويابىر |
| 22 | دِيسَمْبِرُ | دېكابىر |
| 23 | إِثْنَا عَشَرَ | ئون ئىككى |

## اَلنَّصُّ تېكست

### حِوَارٌ سۆزلىشىش

كَمْ فَصْلاً فِي السَّنَةِ ؟ بىر يىل قانچە پەسىلگە بۆلىنىدۇ ؟

فِي السَّنَةِ أَرْبَعَةُ فُصُولٍ بىر يىل تۆت پەسىلگە بۆلىنىدۇ.

مَا هِيَ فُصُولُ السَّنَةِ ؟ يىلنىڭ پەسىللىرى قايسى ؟

فُصُولُ السَّنَةِ هِيَ: اَلرَّبِيعُ وَالصَّيْفُ وَالْخَرِيفُ وَالشِّتَاءُ

يىلنىڭ پەسىللىرى: باھار، ياز، كۈز، قىش.

كَمْ شَهْرًا فِي السَّنَةِ ؟ بىر يىل قانچە ئاي بولىدۇ؟

فِي السَّنَةِ إِثْنَا عَشَرَ شَهْرًا بىر يىل ئون ئىككى ئاي بولىدۇ

مَا هِيَ أَشْهُرُ السَّنَةِ ؟ يىلنىڭ ئايلىرى قايسى ؟

هِيَ : يَنَايِرُ ، فِبْرَايِرُ ، مَارِسُ ، أَبْرِيلُ ، مَايُو ، يُونِيُو ،

يُولِيُو، أَغُسْطُس، سَبْتَمْبِر، أَكْتُوبِر، نُوفَمْبِر، دِيسَمْبِر.

ئۇلار: يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن،
ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبر، ئوكتەبر، نويابر، دېكابر.

## أَلتَّدْرِيبُ مەشق

فُصُولُ، أَشْهُرٍ، شَهْرًا، كَمْ، إِثْنَا، فِي السَّنَةِ دېگەن سۆزلەربىلەن توۋەندىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇڭ.

كَمْ ـــــ فِي السَّنَةِ؟ ـــــ ـــــ فِي السَّنَةِ؟

مَاهِيَ ـــــ السَّنَةِ؟ مَاهِيَ أَشْهُرِ ـــــ

فِي السَّنَةِ ـــــ ـــــ ـــــ عَشَرَ شَهْرًا

# اَلدَّرْسُ الْخَامِسَ عَشَرَ

## مُفْرَدَاتٌ

| | مُذَكَّرٌ | مُؤَنَّثٌ | رَقْمٌ | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | وَاحِدٌ | وَاحِدَةٌ | ١ | بىر |
| | أَحَدٌ | إِحْدَى | ١ | ،، |
| 2 | إِثْنَانِ | إِثْنَتَانِ | ٢ | ئىككى |
| 3 | ثَلَاثٌ | ثَلَاثَةٌ | ٣ | ئۈچ |
| 4 | أَرْبَعٌ | أَرْبَعَةٌ | ٤ | تۆرت |
| 5 | خَمْسٌ | خَمْسَةٌ | ٥ | بەش |
| 6 | سِتٌّ | سِتَّةٌ | ٦ | ئالتە |
| 7 | سَبْعٌ | سَبْعَةٌ | ٧ | يەتتە |
| 8 | ثَمَانٍ | ثَمَانِيَةٌ | ٨ | سەككىز |
| 9 | تِسْعٌ | تِسْعَةٌ | ٩ | توققۇز |
| 10 | عَشَرٌ | عَشَرَةٌ | ١٠ | ئون |
| 11 | مَقَالَةٌ، مَقَالَاتٌ (ج) | | | ماقالا |
| 12 | لَيْلٌ، لَيَالٍ (ج) | | | كېچە |
| 13 | مَنْزِلٌ | | | ئائىلە |
| 14 | قَرَأَ | | | ئوقۇدى، |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 15 | اِشْتَرَيْتُ | سېتىۋالدىم | 18 | أَقَمْتُ | تۇردۇم |
| 16 | كَتَبْتُ | ياردىم | 19 | شَاهَدْتُ | كۆردۈم |
| 17 | رَأَيْتُ | كۆردۈم | 20 | يَ (أنا) | مەن. |

## اَلنَّصُّ

لِي كِتَابٌ وَاحِدٌ وَكُرَّاسَةٌ وَاحِدَةٌ

لَكَ كِتَابَانِ اِثْنَانِ وَكُرَّاسَتَانِ اِثْنَتَانِ

اِشْتَرَيْتُ كِتَابَيْنِ اِثْنَيْنِ وَكُرَّاسَتَيْنِ اِثْنَتَيْنِ

قَرَأْتُ ثَلَاثَةَ كُتُبٍ، كَتَبْتُ أَرْبَعَ مَقَالَاتٍ

رَأَيْتُ خَمْسَةَ طُلَّابٍ وَسِتَّ طَالِبَاتٍ

أَقَمْتُ فِي الْمَنْزِلِ سَبْعَةَ أَيَّامٍ

شَاهَدْتُ ثَمَانِيَ طَائِرَاتٍ وَعَشْرَ دَبَّابَاتٍ

تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار

لِي ___ وَاحِدٌ، لَكَ ___ اِثْنَانِ، ___ ___ اِثْنَتَيْنِ،

___ خَمْسَةَ ___، ___ ___ اِثْنَيْنِ، ___ سِتَّ ___،

لَكَ ___ اِثْنَتَانِ. لَهُ ___ وَاحِدَةٌ

## اَلْقَوَاعِدُ

1) بىر ۋە ئىككى (وَاحِدٌ، اِثْنَانِ) «ساناق سان» بولۇپ كەلگەندە ئىسىمنىڭ «مُذَكَّر» ۋە «مُؤَنَّث» شەكلىگە ماسلىشىپ ئىسىمنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كِتَابٌ وَاحِدٌ، مَجَلَّةٌ وَاحِدَةٌ، كِتَابَانِ اِثْنَانِ، مَجَلَّتَانِ اِثْنَتَانِ.

2) ئۈچتىن ئونغىچە بولغان «ساناق سان» يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە ئىسىم

ساننى ئالدىدا كېلىدۇ. ئىسىم كۆپلۈك بولۇپ «مُذَكَّر» بولسا سان «مُؤَنَّث»، ئىسىم «مُؤَنَّث» بولسا، سان «مُذَكَّر» شەكلىدە كېلىدۇ. ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى قوش زىرلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ثَلَاثَةُ طُلَّابٍ، أَرْبَعُ طَالِبَاتٍ، تِسْعَةُ عُمَّالٍ، عَشْرُ عَامِلَاتٍ.

# اَلدَّرْسُ السَّادِسَ عَشَرَ

## مُفْرَدَاتٌ

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
